# ئىلى ئوبلاستلىق سودا ئىدارىسى: ماھارەت تەربىيەسى ئىشقا ئورۇنلىششنى ئىلگىرى سۈردى

## —— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەر

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**
**دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش**

□ مۇخبىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز شى شۆخۇڭ

قانداق قىلىپ ئاھالىلەرنىڭ كىرىمنى ئاشۇرغىلى، ئائىلە ئاياللىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىششى تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سودا ئىدارىسى مەسىلە يۆنىلىشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئەمەلىي ئۈنۈمى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمنى تەكشۈردى.

غۇلجا شەھىرىنىڭ كېپەكيۈزى يېزىسى نىلقا كەنتى مەھەللىسى 2018 - يىلى 12 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئارتۇق ئەمگەك كۈچى كۆپ، ئائىلە ئاياللىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يولى ئاز ئىدى. ئىلى ئوبلاستلىق سودا ئىدارىسى بۇ مەھەللىگە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنى تۇرۇشقا ئەۋەتكۈچى ئورۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، مەھەللىدىكى ئائىلە ئاياللىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىششىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەھۋالنى تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى تىرىشىش يۆنىلىشى قىلدى. ئىلى ئوبلاستلىق سودا ئىدارىسى كارخانىلارنى ماكانلىششقا جەلپ قىلىش، ماھارەت تەربىيەسىنى كۈچەيتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، مەھەللىنىڭ ئىلى مايى ئۆي ئىشلىرى مۇلازىمەت چەكلىك شىركىتى غۇلجا شۆبە شىركىتىنى قۇرۇشقا ھەمكارلىشىپ، 60تىن ئارتۇق ئائىلە ئايالىنىڭ بىر تۈرلۈك ماھارەت ئىگىلەپ، ئىشقا ئورۇنلىششىغا ياردەم بەردى.

مەھەللە ئاھالىسى زۇلپىيەم ھۇشۇر مۇخبىرلارغا ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئۆيدە بىكار ئولتۇرىدىغانلىقىنى، ئىقتىسادىي كىرىمى يوقلۇقىنى، بۈگۈنكى كۈندە مەھەللىنىڭ ئۆي ئىشلىرى شىركىتى قۇرۇپ، ئائىلە ئاياللىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتكەنلىكىنى، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ كىرىمنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشنى بارغانسېرى ياخشى ئۆتكۈزۈشنى ئويلايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىلى مايى ئۆي ئىشلىرى مۇلازىمەت چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى لى جۈەن مۇنداق دېدى: «ئىلى ئوبلاستلىق سودا ئىدارىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق بىز شىركەتنى كەنت، مەھەللەردە ئېچىپ، ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللەپ تەربىيەلىدۇق ھەم ئۇلارنى پائال ئىشقا ئورۇنلىششقا يېتەكلىدۇق، بۇنىڭ بىلەن ھەم شىركەتنىڭ خىزمەتچى قوبۇل قىلىش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق، ھەم ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىششىنى ھەل قىلدۇق».

ئىلى ئوبلاستلىق سودا ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئادىلجان ئەخمەت مۇنداق دېدى: «باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بىز مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تۈزىتىشنى قاتتىق تۇتتۇق، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسىنى زورايتىش، ئىشقا ئورۇنلىشش يوللىرىنى كېڭەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىششى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردۇق».

شۇ جايدىكى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىششنى سىجىل مۇقىم ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، يېزىلاردىكى ئېلېكتىرونلۇق سودا ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەش سالمىقى يېتىشمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، ئىلى ئوبلاستلىق سودا ئىدارىسى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك فۇنكسىيەلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، ھەر قايسى يېزا - بازار، كەنت ئېلېكتىرونلۇق سودا تورىنىڭ مەسئۇللىرى ھەم ھەر قايسى ئېلېكتىرونلۇق سودا نۇقتىلىرى، يېزا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرىنىڭ مەسئۇل ۋەكىللىرى بولۇپ جەمئىي 170 تىن ئارتۇق كىشىنى تەربىيەلىدى.

ئىگىلىنىشچە، باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىلى ئوبلاستلىق سودا ئىدارىسى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، كۆپ يول ئارقىلىق يېڭىدىن 861 ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىششىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاقسۇ كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىسى مەۋلۇدە تۇرغۇن مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن كېيىن مەن داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ئىلگىرىلەپ، داۋاملىق كۈرەش قىلىش جەريانىدا يېڭى دەۋرنىڭ ياشلىق ناخشىسىنى پۈتىمەن».

### ئېتىقادنى چىڭىتىپ، غەيرەت قىلىپ ئىشلەيمىز

مۇۋەپپەقىيەتلەرگە يېڭى دەۋردىكى كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ يۈرەك قېنى ۋە قان - تەرى مۇجەسسەملەنگەن. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ قەلبىگە ئوت تۇتاشتۇردى، كۆپچىلىك يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېتىقادنى چىڭىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: «2019 - يىلدا، ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز بولغىنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش بولدى. بىز جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ 70 يىللىق شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئالقىش ياڭراتتۇق، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كۈچلۈك يادرولۇق كۈچىدىن لەرزىگە كەلدۇق».

شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى شۆيۈەنىنىڭ يېتەكچىسى زاۋۇرې مۇنداق دېدى: ئالىي مەكتەپتىكى يېتەكچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، باشتىن - ئاخىر جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان يېڭى دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيەسىنى چۆرىدەپ، كەڭ ياشلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان ئۇلۇغ مىللىي روھنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىمەن ۋە يېتەكلەيمەن.

يېڭى دەۋردە ئارمانسىز، پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن تۆھپە قوشقان نۇرغۇن نامسىز قەھرىمانلار بار، ئۇلار ئادەتتىكى كىشىلەردەك ئاددىيلىقى بىلەن ئاجايىپ كىشىلىك ھاياتنى پۈتتى. قۇتۇبى ناھىيەسى ئالتۇڭخەن پېدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى ۋاڭ گۈيجېن شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن ئەتراپىمدىكى تېخىمۇ كۆپ ئادەمنى پىدائىيلار مۇلازىمىتى پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا يېتەكلەپ، باشقىلارغا ياردەم بېرىپ خۇشاللىق تاپىمەن!»

### يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەرنى ياخشى باسىمىز

2020 - يىلى ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل. رەئىس شى جىنپىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە «بىز ھەممە بىر نىيەتتە غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەيلى» دېگەن ئاتاكىغا ئۆتۈش بۇرغىسىنى چالدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما چەكسىز ئىپتىخارلاندى، كۆپچىلىكنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەرنى ياخشى بېسىش ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشتى.

«2020 - يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، شۇنداقلا مېنىڭ كەنتتە تۇرۇۋاتقىنىمنىڭ ئۈچىنچى يىلى.» شىنجاڭ تارىم دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يەكەن ناھىيەسى پەكچى يېزىسى ئاچچىق كەنتىدە تۇرۇشلۇق كادىرى ياۋ شياڭيۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بىز رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە ئۈمىد قىلغىنىدەك، كەنتنى ئائىلىمىز دەپ بىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى مۇستەھكەملەش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى تاماملاپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئامما بىلەن بىرلىكتە بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىمىز».

يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەر يولىدا ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرىدىغان، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان كۈرەش قىلغۇچىلاردىن ئايرىلالمايمىز. «بۈگۈن يېڭى يىل، توك بولمىسا بولمايدۇ، ئېلېكتر تورىنى قوغدىغانلىق كۆپچىلىكنىڭ گۈزەل تۇرمۇشنى قوغدىغانلىق.» 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتە، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى تۇرپان توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئورۇنلاشتۇرۇش - كونترول قىلىش مەركىزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغۇچىسى جۇ يەنلى ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئېلېكتر تورىنىڭ توك يەتكۈزۈش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەكشۈردى ھەم مۇددەتتىن بۇرۇن ھەمراھى دىڭ لېيۈەن بىلەن ئېلېكتر بېسىمىنى ئالدىن كونترول قىلىش ۋە ئېلېكتر تورىنىڭ توك يەتكۈزۈش ئۇسۇلىنى تەڭشەش لايىھەسىنى تەپسىلىي تۈزۈپ چىقتى. «تىرىشىپ ئىشلەپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەندىلا، ئاندىن بۇ ئۇلۇغ دەۋرگە يۈز كېلەلەيمىز» دېدى جۇ يەنلى.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يۈنپې، چېن چياڭۋې، جاڭ يەنفاڭ، يۈەن لىپې، خې خۇڭۋې، ياڭ شۈخەن، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز خۇ شياۋشياۋ، لىيۇ دۇڭ يازغان)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئاق كۆڭۈللۈك ۋە سىغدۇرۇشچانلىق، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇلۇش، يۇغۇرۇلۇشنى كۆرۈپ، دانىيېل بۇ يەرنى ناھايىتى تېزلا ياقتۇرۇپ قالغان.

مەكتەپتە، ئۆگىنىش جەريانىدا قىيىن مەسىلىگە يولۇقسىلا، ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىكەن. تاكى قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلغانىغا قەدەر، قولمۇقول ئۆگىتىپ، خەتمۇخەت، جۈملىمۇجۈملە ئوقۇپ بېرىدىكەن. چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشنى بېيىتىپ، ئۇلارنى جۇڭ ئائىلىگە تېخىمۇ ياخشى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن، مەكتەپ يەنە بايرام - دەم ئېلىش كۈنلىرى كوللېكتىپ پائالىيەت ئۇيۇشتۇرىدىكەن.

دۇەنۋۇ بايرىمىدا تاڭزۇڭزا تۈگۈش، جۇڭچيۇ بايرىمىدا يۈبىڭ يېيىش، قىشلىق كۈن توختاش مەۋسۇمىدە جياۋزى تۈگۈش... دانىيېل ئائىلىدەك ئىللىقلىقنى ھېس قىلدى، شۇنداقلا جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مول، چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالدى.

ساياھەت باشقۇرۇش كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دانىيېلنىڭ ئەڭ كۆپ بارىدىغىنى دەل شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرى. ئۇ يەردە ئوخشاشمىغان ئىرقتىكى كىشىلەر بىر يەرگە جەم بولىدۇ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تۈرلۈك تاۋارلار ناھايىتى يەرلىك خاسلىققا ئىگە. ئۆزلۈكىدىن ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كىشىلەرگە يولۇققاندا، دانىيېلمۇ ئەگىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. بۇ چەتئەللىكنى كۆرگەندە، كىشىلەر ھەمىشە قولىنى كۆتۈرۈپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنى ئۇسسۇل ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ياش يىگىتلەر، قىزلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.

بۇ دوستانە ھەرىكەتلەرنى دانىيېل ھەمىشە تارتىنماستىن قوبۇل قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، قىزغىن، مېھماندوست جۇڭگو شىنجاڭلىقلارنىڭ ئېچىۋېتىشچان، سىغدۇرۇشچان، كەڭ قورساقلىقى بۇ ياقا - يۇرتلۇققا باشقا يۇرتتىمۇ يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرمايدىكەن.

بۇ بىر نەچچە يىلدا، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇشتىن نەپ ئالغان دانىيېلمۇ شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ ئۈرۈمچىنىڭ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى ھېس قىلدى. بوش ۋاقىتلاردا، شۆيۈەن ئۇلارنى بەزى مەنزىرە رايونلىرىغا بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا، ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت بۇ شەھەردە ھەر كۈنى يېڭى ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى، كۈچلۈك زامانىۋىلىققا ئىگە ئىمارەتلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، بەزى ئەنئەنىۋى مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىلىپ، دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، ھاياتىي كۈچىنىڭ ئۇرغۇتۇلۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

«ھازىر شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرىدا ساياھەتچىلەر بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، ساياھەت جانلىنىش مەزگىلىگە كەلگەندە، مەيداندا ئادەم كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئازراقمۇ قالايمىقان ئەمەس. ھەر بىر ھالقا تەرتىپلىك، مەن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئىشلار ھەقىقەتەن بەك كۆپ» دېدى دانىيېل ھاياجانلانغان ھالدا.

بىر يىلدىن بۇيان، دانىيېل ھەر كۈنى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تىرىشىپ ئۆگەندى. ئۇنى قارىماققا ھەقىقىي بىر جۇڭگولۇققا ئوخشاتقىنى دەل جۇڭگولۇق دوستلار بىلەن ئۈزلۈكسىز پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئۆگەنگەن بەزى «يېڭى بىلىم» بولدى.

«ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇن تاماق ئۈستىلىنىڭ تۆرى، تاماق يېگەندە چوكىنى قاچىغا تىقمايمىز، قاراڭ، مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم ئاز ئەمەستۇ؟!» دانىيېلنىڭ سۆزى يۇمۇرلۇق، قىزىقارلىق ئىدى.

يېقىندا، دانىيېل ناخشا مەشىق قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى، پات ئارىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش شۆيۈەنىنىڭ يېڭى يىللىق كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىدە، ئۇ ھاياتىدا ئۆزى ئىجاد قىلغان تۇنجى خەنزۇ تىلىدىكى ناخشا —— «جۇڭگو، سىزنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىڭىزگە رەھمەت»نى خەنزۇ تىلىدا ئېيتىدىكەن.

«مەن جۇڭگونى سۆيىمەن، مەن شىنجاڭنى سۆيىمەن. شىنجاڭلىقلارنىڭ ئېچىۋېتىشچانلىق، سىغدۇرۇشچانلىقى، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشچانلىقى مېنى جەلپ قىلدى. جۇڭگو شىنجاڭ مېنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم!» دېدى دانىيېل.

(بېشى 1 - بەتتە)

### قارىغۇلارچە ئەگىشىش    بېكىنىۋېلىش

ئادىلە ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بازاردىكى بىر يەسلىدە ئىشلىگەن، پېنسىيەگە چىققان ئاتا - ئانىسى ھەر كۈنى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالغان، كۈنلىرى ناھايىتى بەختلىك ئۆتكەن. ھالبۇكى، كېيىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگىرىپ كەتكەن.

2009 - يىلى، ئادىلەنىڭ ئانىسىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاندا، بىرەيلەن يوقلاپ كەلگەن، ئۇ ئادىلەنىڭ مودا كىيىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئانىسىغا: «قىزىڭىز بېشىغا ياغلىق چىگىپ، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىشى كېرەك، بولمىسا سىز ئۆلگەندىن كېيىن دوزاخقا كىرىسىز» دېگەن. جان ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان ئانىسى بۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشەنگەن ھەم قىزىدىن «ھەقىقىي مۇسۇلمان» بولۇشنى تەلەپ قىلغان. ئادىلە قورقۇپ كېتىپ، يۈزىنى ئوراپ ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىشكە باشلىغان. ئىدارىغا بارغاندىمۇ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئايال خىزمەتداشلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنى رەت قىلىشقا باشلىغان، يەنە ئائىلىسىدىكىلەر ۋە دوستلىرىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولغىلى قويماي، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى «مۇسۇلمانچە ئەمەس» دەپ قارىغان.

تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن يېرى شۇكى، ئۇ ئاشۇ كىشىلەرنىڭ «ئۆلۈمدە يىغلاشقا بولمايدۇ، تويدا كۈلۈشكە بولمايدۇ» دېگەن گېپىگە ئىشىنىپ كەتكەن، شۇڭا ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇ يىغلىمايلا قالماستىن، يەنە ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرىنى يىغلاشتىن توسقان. «ھازىر ھەر قېتىم بۇلارنى ئويلىسام، كۆڭلۈم بەك يېرىم بولىدۇ» دېدى ئادىلە.

كېيىن، ئادىلە يەسلىدىكى خىزمىتىدىن بىراقلا ئىستېپا بەرگەن. «ئەينى چاغدا مەن ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ، يەسلىدە ئىشلەپ تاپقان مائاشىمنىمۇ مۇسۇلمانچە ئەمەس دەپ قارىدىم.» ئادىلەنىڭ ئېيتىشىچە، خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن ئۇ پۈتۈنلەي بېكىنىۋېلىپ، ھەر كۈنى قانداق قىلغاندا بىر «تەقۋادار مۇسۇلمان» بولغىلى بولىدۇ، دېگەننىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالغان.

قىزىدىكى ئۆزگىرىش ئاتىسىنى ئەندىشىگە سالغان، قايتا - قايتا نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق، ئادىلە يەكەن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىشكە قاتنىشىشقا قوشۇلغان.

### ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش    مودا قوغلىشىش

تەربىيەلەش مەركىزىدە ئېرىشكەن نەتىجىلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، ئادىلە ھاياجانلانغان ھالدا ئۆزى يېقىندا لايىھەلىگەن بىر نەچچە يۈرۈش كىيىمنى كۆرسەتتى. «بىر نەچچە خېرىدار زاكاز قىلىپ بولدى، ئەمدى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمىز.» ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەربىيەلەش مەركىزىدە ئۆگەنگەن بولۇپ، كېيىن ئۇ يەنە تېخىمۇ كۆپ پاسوندىكى كىيىملەرنى لايىھەلىمەكچى بولۇۋېتىپتۇ.

«بۇ لايىھەلەنگەن كىيىملەردە ئاتامنىڭمۇ تۆھپىسى بار» دېدى ئادىلە. ئەسلىدە، ئاتىسىنى يالغۇزسىرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئادىلە لايىھەلىگەن ھەر بىر يۈرۈش كىيىمنى ئاتىسىغا كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن پىكىر ئېلىپ، تاكى ئىككىسىلا رازى بولغانغا قەدەر تۈزەتكەن.

«قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، مەن ئاندىن ئۆزۈمنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملىنىپ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ھېلىمۇ ياخشى تەربىيەلەش مەركىزىگە كېلىپ ئۆگىنىپتىمەن، بولمىسا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى.» ئادىلە مۇنداق دېدى: تەربىيەلەش مەركىزىدە ئۆگەنگەن بىلىم ۋە ماھارەتنىڭ ھەممىسى ھازىر ئەسقاتتى.

كىيىم لايىھەلەشتىن باشقا، تەربىيەلەش مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياردىمىدە، ئادىلە يەنە كارخانا باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئۆگەندى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئادىلە كىيىم - كېچەك زاۋۇتىدا نەتىجە - ئۈنۈمنى باھالاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كۆپ ئىشلىگەنلەرگە كۆپ ھەق بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇنەۋۋەر ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مۇكاپاتلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ھازىر كۆپچىلىك بەسلىشىپ ئىشلەيدىغان بولدى.» ئادىلە يەنە بوش ۋاقىتلىرىدا تەربىيەلەش مەركىزىدە ئۆگەنگەن تىياتىر ۋە ئۇسسۇللارنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئۆگىتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى ياخشىلىدى.

«گۈزەللىكنى سۆيۈش ئاياللارنىڭ تەبىئىيىتى.» ئادىلە مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى كىيىشنى ئويلىساقمۇ كىيىشكە جۈرئەت قىلالمايتتۇق، ھازىر قانداق كىيگۈمىز كەلسە شۇنداق كىيەلەيمىز.» بۈگۈنكى كۈندە ئەتراپتا گۈزەللىكنى سۆيىدىغان قىزلار بارغانسېرى كۆپەيدى، مەيلى ناھىيە بازىرى ياكى يېزا - كەنتلەردە بولسۇن، ئاياللارنىڭ كىيىنىشى بارغانسېرى مودىلاشتى. كىيىم - كېچەك زاۋۇتى ئېچىشتىن باشقا، ئادىلە يەنە مەبلەغ سېلىپ بىر ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ئاچتى، سودىسى ناھايىتى ياخشى.

### مىننەتدارلىقنى يەتكۈزۈش خۇشاللىقتىن تەڭ بەھرىلىنىش

ئادىلە مۇخبىرلارنى ئۆزىنىڭ ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. چۈش سائەت ئەمدىلا 12دىن ئاشقاندا، دۇكانغا كەينى - كەينىدىن خېرىدار كەلدى، لوڭقا قويغۇزىدىغان ياكى يۈز تېرىسىنى ئاسرىتىدىغانلار كۆپ ئىدى.

ئادىلەنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئالدىنقى ھەپتە يېڭىلا ئۈرۈمچىدىكى كۇرسنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىر بىر نەچچە شاگىرت تەربىيەلەۋېتىپتۇ. «بۇ بىر نەچچە ئايدا سودا ئىزچىل ياخشى بولدى، بىر نەچچە شاگىرت تەربىيەلىمەكچى بولۇۋاتىمەن، كېيىن زەنجىرسىمان دۇكان ئېچىشىمغا قولايلىق بولىدۇ» دېدى ئادىلە.

كىيىم - كېچەك زاۋۇتىنى باشقۇرۇپلا قالماي، يەنە ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاچقا، ئادىلە سەل يېتىشەلمەي قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قاتتىق بېرىلىپ ئىشلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئىلگىرىكى تۇرمۇشۇم قاراڭغۇ بولۇپ، بۇرۇقتۇملۇقتا ئۆتەتتى، كېيىن قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغاندىم. ھازىر ئوخشىمايدۇ، ھەر كۈنى تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەتكە تولىمەن، تۇرمۇشۇم مەنىلىك ھەم خۇشال ئۆتىدۇ. ھازىرقى تۇرمۇشۇم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن كەلدى، شۇڭا مەن بۇ مىننەتدارلىقىمنى داۋاملىق يەتكۈزىمەن.

ئادىلەنىڭ كىيىم - كېچەك زاۋۇتى ھازىر ئەتراپتىكى 50 كەنت ئاھالىسىنى ئىشقا ئورۇنلىششقا جەلپ قىلدى، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇ يەنە ئۈسكۈنىدىن 70 نى زاكاز قىلدى، ۋاقتى كەلگەندە ئاز دېگەندە 150 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

بۇھەجەر نۇرمەمەت ئىلگىرى ئائىلە ئايالى ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ كىيىم - كېچەك زاۋۇتىدا ئىشلىگىنىگە ئۈچ ئاي بولغان بولۇپ، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر ئايدا 2000 يۈەن مائاش ئاپتۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: تۇنجى ئايلىق مائاشىمنى ئېلىپلا، ئۆزۈمگە بىر يۈرۈش گىرىم بۇيۇمى سېتىۋالدىم. «ھازىر ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بارغانسېرى چىرايلىقلىشىپ كەتتى، ياخشىراق ياسانمىسام، سىرتقا چىقىشتىن خىجىل بولىمەن» دېدى بۇھەجەر.

كېيىنكى پىلانى ئۈستىدە توختالغاندا، ئادىلە مۇنداق دېدى: مېنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىم ناھايىتى كۆپ، ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنىنىڭ ئېچىلغىنىغا ئۇزاق بولمىغاچقا، تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتىشقا توغرا كېلىدۇ. كىيىم - كېچەك زاۋۇتىنىڭ كۆلىمى كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، بازاردىكى سېتىش يوللىرىنىمۇ كېڭەيتمىسەم بولمايدۇ. مەن كىيىم - كېچەك لايىھەلەش كەسپىدە بىلىم ئاشۇرۇپ، كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ چىرايلىق كىيىملەرنى لايىھەلەپ، يېزا ئاياللىرىنى تېخىمۇ گۈزەللىككە ئىگە قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)